3~6 ياشقىچە ئائىلە كىتابى

دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى نەشر بۇيۇملىرىغا
مەخسۇس مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىش تۈرىدىكى كىتاب
国家少数民族文字出版专项资金资助项目

# جۇڭگو سەبىيلەر قامۇسى

中国少儿百科全书



# ھەمراھ ھايۋانلار



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

Scanned with CamScanner


3 ـ 6 ياشقىچە
ئائىلە كىتابى

جۇڭگو
سەبىيلەر قامۇسى



中国少儿百科全书

# ھەمراھ ھايۋانلار



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

Scanned with CamScanner

پىلانلىغۇچى: ما جۇن
جىن رۇي

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلنار لېتىپ
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: مۇراددىل ئابىد

جۇڭگو سەبىيلەر قامۇسى

## ھەمراھ ھايۋانلار

تەرجىمە قىلغۇچى: قەلبىنۇر مەمتىمىن



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىلۈڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1194 × 889 م م، 16 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 2
2014 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2014 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5515 - 2951 - 8
سانى: 5000 — 1
باھاسى: 15.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

Scanned with CamScanner



## مۇندەرىجە


ئىتلار ھاۋشىيدۇ ........................ 2

مۈشۈكلەر مىياڭلايدۇ ........................ 4

قۇشلار پەرۋاز قىلىدۇ ........................ 6

بېلىقلارنىڭ ساياھىتى ........................ 8

ھاشارات دۇنياسى ........................ 10

ئائىلىدە بېقىلىدىغان ھايۋانلار ........................ 12

كۆلچەكتىكى ھايۋانلار ........................ 14

يايلاقتىكى ھايۋانلار ........................ 16

سىرلىق دېڭىز - ئوكيان جانلىقلىرى ........................ 18

ئورمانلىقتىكى ھايۋانلار ........................ 20

يوقالغان دىنوزاۋۇر ........................ 22

ھايۋانلارنى قوغدايلى ........................ 24

# ئىتلار ھاۋشىيىۇ



قورچاق ئىتنىڭ جۇ-
غى كىچىك بولسىمۇ،
ناھايىتى قەيسەر.



سچناۋزېر ئىتنىڭ
ئۇزۇن ساقىلى بار.

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا ئىت كۆندۈرۈ-
لۈپ، بىزنىڭ يېقىن دوستىمىزغا ئايلانغان.
ئۇ بىزگە ياردەملىشىپ نۇرغۇن ئىشلارنى
قىلىشىپ بېرىدۇ.

## ئىتنىڭ قۇيرۇقىمۇ گەپ قىلالايدۇ



ئىتنىڭ قۇيرۇق
شىپاڭشىتقىنى ئىنتا-
يىن خۇشال بولغىنى.



ئىتنىڭ قۇيرۇقىنى
قىسىۋالغىنى ناھايىتى
قورقىقانلىقى.



ئىتنىڭ قۇيرۇقىنى
ساڭگىلاتقىنى ئويلانغىنى.



ھاۋا ئىسسىغاندا
ئىت تىلىنى ساڭگى-
لىتىش ئارقىلىق بە-
دىنىدىكى ھارارەتنى
تارقىتىدۇ.



ئالتۇن تۈكلۈك تايغان
سۈرلۈك، ئەمما ئىنتا-
يىن مۇلايىم ئىت.

خۇسكىي ئىتى ناھايىتى
تېتىك، ئادەملەر بىلەن
ئوينىشىشقا ئامراق.



Scanned with CamScanner

# ئىتنىڭ ئۈمىدى



1. ماڭا ئىشىنىڭ، چۈنكى مەن سىزگە ئۆ-
مۈرلۈك ھەمراھ.



2. سىزنىڭ دوستلىرىڭىز
جىق، ئەمما مېنىڭ دوستۇم
پەقەت سىزلا.



3. ئاچچىقلانغاندا مېنى
سولاپ قويماڭ، مەن بەك
قورقىمەن.



4. مېنى ئۇرماڭ! مەن بىلەن
ئۇرۇشماڭ، مەن قولىڭىزنى
چىشلىۋېلىشىم مۇمكىن.



شىر باش ئىتنى يوغان ئىكەن دېمەڭ، ئۇ بەك ياۋاش.

### ئېيتىپ بەر ئانا

نېمە ئۈچۈن
ناتونۇش ئىتلارنى
سىلاشقا بولمايدۇ؟



مەن پەقەت ئون يىل
ئەتراپىدا ياشايمەن، مەن
بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈن-
لىرىڭىزنى قەدىرلەڭ.

# مۈشۈكلەر مىياڭلايدۇ

مۈشۈك ئىنتايىن رايىش ھەم ئوماق ھايۋان. ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا كىشىلەر مۈشۈكنى كۆندۈرۈپ ئەرمەك ھايۋان قىلىۋالغان.



مۈشۈك ھەرقانداق ئېگىز يەردىن سەكرىسىمۇ، ئالدى بىلەن تۆت پۇتى يەرگە تېگىدۇ.

پارس مۈشۈكىنىڭ تۈكلىرى يۇمشاق ھەم زىچ.

سىئام مۈشۈكى ئادەملەر بىلەن بىللە تۇرۇشقا ئامراق.

گافى مۈشۈكى جىمجىتلىقنى ياخشى كۆرىدۇ.

چىپار مۈشۈك تېتىك ھەم چەبدەس.

مۈشۈك بۇرۇتىنىڭ قانداق رولى بار؟



Scanned with CamScanner

# مۈشۈكنىڭ بايانى



# قۇشلار پەرۋاز قىلسۇ



قۇشلار چىشى قۇشنىڭ تۇغقان تۇخۇمىدىن چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر ھەم قاتتىق تۇمشۇقى، ھۆللۈكتىن ساقلاپ ئىسسىق تۇتىدىغان پەيلىرى، يەنە كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرىدىغان بىر جۈپ قانىتى بار.

## قۇشلارنىڭ يېتىلىشى



بىر جۈپ قۇش چىرايلىق ئۇۋا ياسىماقچى.




ئانا قۇش ئىككى تۇخۇم تۇغدى.




ئۇلارنىڭ بىرى تۇخۇم باسسا، يەنە بىرى ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ.




چۈجىلەر تۇخۇمدىن چىقتى.



چۈجىلىرىم قورسىقىغا بەك ئامراق!




كەپتەر ناھايىتى يىراقتا ئۇچالايدۇ، يەنە تېخى ئۆيىگە قايتىدىغان يولىنىمۇ تاپالايدۇ.

باھار كېلىشى بىلەن قارلىغاچلار قايتىپ كېلىدۇ.



Scanned with CamScanner




ھېچقىسى يوق، بەرداش-
لىق بېرەلەيمەن.
غاق - غاق! كۆپچىلىك
يېتىشىڭلار!
كېلەر يىلى باھاردا قايـ-
تىپ كېلىمىز!
سىز بىرئاز ئارام ئېلىڭ،
مەن يول باشلاي!
يىراقـقا ئۇچۇشتا،
ساغلام، تەجرىبىسى بار
ياۋا غاز باشلامچى بولىدۇ.
ئانا! بىز يەنە قايتىپ كې-
لەمدۇق؟
ياۋا غاز سوغۇقتىن قورقىدۇ. قىش كېلىشى
بىلەنلا ئىسسىق بولغان جەنۇبقا قاراپ ئۇچىدۇ.
تۆگىقۇش ئۇچالمايدۇ، ئەمما ناھايىتى تېز يۈگۈرىدۇ.
ئېيتىپ بەر ئانا
مۈشۈكياپىلاق
كېچىسى چىقىپ
نېمىنى يەيدۇ؟
بالىلىرىم، غەيرەت قىلىڭلار!
مۈشۈكياپىلاق كۈندۈزى
دەم ئېلىپ، كېچىسى
ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ.
رەپ باققىن قوزام
قۇشلار قەپەسكە
ئامراقمۇ، ئۆچمۇ؟
ئاخىر ئۇچتۇق!

ئۇرغاچى چىشلىق كارپ بېلىقى سۇ ئۆتلىرىنىڭ ئۈستىگە تۇخۇملىدى.

# بېلىقلارنىڭ ساياھىتى

بېلىقلار ئۆمۈر بويى سۇدا ياشايدۇ. ئۇلار پالاقچىسى ئارقىلىق سۇدا ئۈزىدۇ. ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ساقىقى ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ.






Scanned with CamScanner






Scanned with CamScanner

# هاشارات دۇنياسى

هاشارات دۇنيادا تۈرى ۋە سانى ئەڭ كۆپ جانلىق. هاشاراتلارنىڭ ياشاش ئىقتىدارى ناهايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس قالتىس ئىقتىدارى بار.






Scanned with CamScanner

## چوڭلارغا سۆز

ئاھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن چوڭ مۇلىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتقان بالىڭىزغا دەخلى قىلماڭ. بالىنىڭ قىزىقىشى ۋە بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشىنى دەل مۇشۇنداق كىچىك ئىشلاردىن يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.



قوڭغۇزلارنىڭ ئۈچ جۈپ پۇتى بار، كۆپ ساندىكى قوڭغۇزلاردا قانات بولىدۇ.




# تۆكلۈك قۇرتنىڭ ئۆزگىرىشى



كېپىنەك ئانا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۈستىگە تۇخۇملايدۇ.



تۇخۇمدىن تۆكلۈك قۇرت چىقىدۇ.



تېرە تاشلىغاندىن كېيىن تۆكلۈك قۇرتنىڭ قىياپىتى ئۆزگىرىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي تۆكلۈك قۇرت قۇرچاققا ئايلىنىدۇ.



پاشا ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شورىشاقا ئامراق.



ئەڭ ئاخىر قۇرچاقتىن چىرايلىق كېپىنەك چىقىدۇ.

پىلە قۇرتى ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. پىلە قۇرتى چىقارغان مەشۇتتىن چىرايلىق يىپەكلەرنى توقۇغىلى بولىدۇ.




يەتتە چېكىتلىك خانقىز زىرائەت زىيانداشى بولغان كۆكپىتنى يەيدۇ.









چىۋىن بىردەم نىجاسەتكە، بىردەم يېمەكلىككە قونىدۇ.




چېكەتكە زىرائەت ۋە ئوت - چۆپلەرنى يېيىشكە ئامراق. ئۇ ھەتتا بىر پارچە ئېتىزلىقتىكى زىرائەتنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولالايدۇ.



Scanned with CamScanner




Scanned with CamScanner






Scanned with CamScanner

# كۆلچەكتىكى ھايۋانلار

سۈزۈك كۆلچەكتە پاقا، بېلىق، يىلان قاتارلىق نۇرغۇن ھايۋانلار ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزۈقلۇق تۇتۇش ۋە كۈشەندىسىدىن يوشۇرۇ- نۇش ئۇچۇن قاتتىق كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىڭىزمۇ؟











Scanned with CamScanner

# يايلاقتىكى ھايۋانلار

كەڭ كەتكەن يايلاقتا ھايۋانات پادىشاھلىقى بار. يايلاقتىكى ھەربىر ھايۋان ياشاش ئۈچۈن ئۆزىگە خاس ماھارەت يېتىلدۈرگەن.




بۆكەنلەر يىلپىزنىڭ ئوۋلىشىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ، جېنىنىڭ بارىچە قاچماقتا.

يىلپىز قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ تېز يۈگۈرىدىغان ھايۋان.

يايلاقتا يوشۇرۇنغۇدەك جاي يوق، قوشغارچىلار يەر ئاستىغا ماكانلاشتى.

# يايلاقتىكى بۆرە




توشقان، ئېتىز چاشقىنى بۆرىنىڭ يېمەك-لىكى، ئەمما بۆرە قوينىمۇ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.




زىراپە قورۇقلۇقتىكى ئەڭ ئېگىز ھايۋان
دەرەخ ئۇچىدىكى يۇ-
پۇرماقلار چوقۇم تەملىك!
پىل قۇرۇقلۇقتىكى
ئەڭ چوڭ ھايۋان.
يەنىلا توپ يۈرگەن
ياخشى ئىكەن!
تاغىل ئات توپلىشىپ ياشىسا ئەڭ بىخەتەر.
رەپ باقىدن قوزام
قوڭغارچىلار نېمە ئۈچۈن
يەر ئاستىدا ياشايدۇ؟
بۇ مېنىڭ يېرىم.
قېنى، كىم كېلىشكە
پېتىنالايدىكىن!
بۇگۈن گۆش
يەيدىغان بولدۇق!
شىر يايلاقتىكى ئەڭ
يىرتقۇچ ھايۋان.
ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ
قالغان بۆرىلەر تاغنىڭ
ئىچكىرىسىگە قاراپ
قاچتى.
تالڭ!
ئا!
يايلاق بىخەتەر بولدى.
بۆرە يوقىتىلغاندىن كې-
يىن ياۋا توشقان، ئېتىز
چاشقىنى بارغانسېرى كۆ-
پىيىپ، ئوتلاقلارنى نابۇت
قىلىۋەتتى.

# سىرلىق دېڭىز-ئوكيان جانلىقلىرى

دېڭىز - ئوكيان هاياتلىقىنىڭ بۆشۈكى، دېڭىز - ئوك- يانلاردا تۈرلۈك - تۈمەن ئاجايىپ - غارايىپ هايۋانلار ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناهايىتى چوڭ كۆك كىت، ۋەهشىي لەهەڭ ۋە هەر خىل چىرايلىق بېلىقلار بار.






Scanned with CamScanner






Scanned with CamScanner

# ئورمانلىقتىكى هايۋانلار



بۇك - باراقسان ئورمانلىقتا نۇرغۇن هايۋانلارنىڭ ئۆيى بار. ئورمانلىقتىكى دەرەخ شاخلىرىدا ۋە دەرەخ تۈۋىدە هايۋانلارنىڭ ئويناۋاتقانلىقىنى، ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئورمانلىقتىكى مول ئوزۇقلۇق ئۇلارنىڭ هاياتلىق كاپالىتى.

دەرەخ خالتىلىق ئېيىقى كاۋلا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئاساسەن ئېۋكالىپت دەرىخى ئۈستىدە يوپۇرماق يەپ، قورسىقى تويسا ئۇخلاپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ.



تىيىننىڭ ئۇتتۇر چىشى ناهايىتى قاتتىق بولۇپ، قارىغاي ئۇرۇقى، ياڭاق قاتارلىق قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەرنى كۇچىمەيلا چېقىۋېتەلەيدۇ.




تۆمۈرتۇمشۇق ئۆتكۈر تۇمشۇقى بىلەن دەرەخ پوستىنى ئېچىپ، زىيانداش قۇرتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

سېرىق يالىلىق مايمۇن دۆلىتىمىزدىكى ئەتىۋارلىق هايۋانلارنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ سانى هازىر ناهايىتى ئاز قالدى.

مۇشۇكئېيىق دۆلىتىمىزدىلا بار بولغان ئەتىۋارلىق هايۋان. كىشىلەرنىڭ ئورمانلارنى خالىغانچە كېسىشى ۋە مۇشۇكئېيىقلارنى تۇتۇشى سەۋەبىدىن، مۇشۇكئېيىقلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلاپ بارماقتا.



Scanned with CamScanner

# ئەقىللىق شىمپەنزە




شىمپەنزە ئاق چۈمۈلىنى يېيىش ئۈچۈن بىر تال دەرەخ شېخىنى سۇندۇردى.



ئاندىن قولىدىكى شاختا شۆلگىيىنى سۈرتتى.




بىر توپ چۈمۈلە شىمپەنزىنىڭ قولىدىكى شاختا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى.



ئاق چۈمۈلە شىمپەنزىنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان يېمەكلىكى.



شىمپەنزە ھەر كۈنى كەچ ئۇخلاشتىن بۇرۇن دەرەختە يېڭىدىن ئۆي ياسايدۇ.




# يوقالغان دىنوزاۋۇر

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى دى-نوزاۋۇرلار يەر شارىغا ئۇزاق مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن تۇ-يۇقسىز غايىب بولدى.



## چوڭلارغا سۆز

بالىلىرىڭلارنى ئېلىپ تەبىئەت مۇزېيىغا كېلىپ دىنوزاۋۇر تاش قاتمىسىنى كۆرۈپ كېلىڭلار، بالىلار دىنوزاۋۇر ھەققىدە تېخى-مۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالسۇن.



ئورنىزولېستېس دىنوزا-ۋۇرىنىڭ تېنى يەڭگىل، تېز يۈگۈرىدۇ. ئۇ قۇرت - قوڭغۇز ۋە كىچىك ئۈمىلىگۈچى ھايۋانلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.




بىرونتوزاۋۇرنىڭ تېنى ئىنتا-يىن چوڭ، تۆت پۇتى يوغان ھەم مەزمۇت. بىراق، ئۇنىڭ چىشى پەقەت دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يې-يىشكە لايىقلاشقان.

ئاللوزاۋۇر ئىنتايىن ياۋۇز، ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشى ۋە تىرنى-قى ئۇۋ قورالى ھېسابلىنىدۇ.

## ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرنى يېيىشى






ئېچىرقىغان پەنجىلىك دىنوزاۋۇر ئوزۇق ئىزدەپ سىرتقا چىقتى.



دىپلودوكس دىنوزاۋۇرى ئەتراپىدىكى خەتەرنى قىلچە تۇيماستىن پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا.



ۋەھشىي، چىۋەر پەنجىلىك دىنوزاۋۇرلار دىپلودوكس دى-نوزاۋۇرىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى چىشلەشكە باشلىدى.




دىپلودوكس دىنوزاۋۇرى ئاخىر ئۆزىدىن جىق كىچىك پەنجىلىك دىنوزاۋۇرغا تەسلىم بولدى.






Scanned with CamScanner


ئەگەر مەن دىنوزاۋۇر
تۇخۇمىنى تېپىۋالسام
ئۇنىڭدىن دىنوزاۋۇر-
چاقلارنى چىقارغىلى
بولامدۇ؟
ۋۇي، ھەممىڭلار ئەگەر-
ئىسما مەن سەلەك قورقۇنچاق!
سىتگوزاۋۇرنىڭ قۇيرۇ-
قىدىكى قىلىچتەك بىسە-
دەك تىكەنلىرى كۈشەندىلىرى
بىلەن ئېلىشىدىغان قورا-
لىدۇر.
بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرەل-
مەيمەن، شۇڭا پەستىكى ئو-
سۈملۈكلەرنى يەيمەن.
سىتگوزاۋۇرنىڭ دۈمبىسىدە
ئىككى رەت ئۈچ بۇرجەك مۈڭگۈز
ئۆسكەن.
دىنوزاۋۇرنىڭ ئۇزۇن
بويى بار، بەش قەۋەتلىك
بىنادەك ئېگىزلىكتىكى
دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىنى
يېيەلەيدۇ.

# ھايۋانلارنى قوغدايلى

يەر شارى بارلىق جانلىقلارنىڭ ماكانى، بىز مۇھىتنى ئاسرىشىمىز، ھايۋانلار، ئۆ-
سۈملۈكلەرنى قوغدىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئىنسانلار-
نىڭ ھەممىسى يەر شارى ئانىنىڭ بالىلىرى.

## نەسلى قۇرۇغان ھايۋانلار



دىنوزاۋۇرلار ئىن-
سانلار پەيدا بولۇش-
تىن ئىلگىرىلا يو-
قالغان.



دودو قۇشى ئۇچالماي-
دۇ، كىشىلەر دودۇ قۇ-
شىنىڭ گۆشىنىڭ ناھا-
يىتى يېيىشلىك بولى-
دىغانلىقىنى بايقىغاندىن
كېيىن، بۇ خىل قۇش-
نىڭ نەسلى تېزلا قۇرۇپ
كەتتى.



ئىنسانلار زېبرا قېچى-
رىنىڭ چىرايلىق تېرى-
سىگە ئېرىشىش ئۈچۈن،
ئۇنى ئوۋلاپ نەسلىنى
تېز قۇرۇتۇۋەتكەن.



خالتىلىق بۆرە چار-
ۋىلارغا ھۇجۇم قىلغاچ-
لىقتىن، كىشىلەرنىڭ
توختىماي ئوۋلىشى بى-
لەن نەسلى قۇرۇپ
كەتكەن.

قانداغاي تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان
رايونلار ياكى ھايۋانات باغچىسىدا ياشايدۇ.

بىز جەنۇبىي جۇڭگو يولۋىسىنى
ھايۋانات باغچىسىدىلا كۆرەلەيمىز.





مەملىكىتىمىزدە نۇرغۇن
ئەتىۋارلىق ھايۋانلار بار، ھا-
زىر ئۇلارنىڭ سانى ئىنتايىن
ئازلاپ كەتتى.



Scanned with CamScanner


قىزىل ئىبىس قايتىپ كەلدى
ماڭا ئامەت كېلىدىغان بولدى!
قەدىمكى زاماندا جۇڭگولۇقلار قىزىل ئىبىسنى «قۇت قۇشى» دەپ ئاتىغان.
كىشىلەر: «جۇڭگودا قىزىل ئىبىسنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى» دەپ قاراپ كەلگەنىدى.
قىزىل ئىبىسنى كۆرمىگىلى بەك ئۇزاق بوپتۇ!
يەتتە دانە قىزىل ئىبىسنىڭ بايقىلىشى دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى.
تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون قۇرۇلۇپ، قىزىل ئىبىس كۆڭۈل قويۇپ بېقىلدى.
كىتلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلاۋاتىدۇ. چۇنكى، بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى كىشىلەر كىت گۆشى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.
ھەمراھلىرىم بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ!
ئېيتىپ بەرگىنا
قانداغاينىڭ ئىسمى قانداق قويۇلغان؟
نۇرغۇن ھايۋانلار نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى، ناۋادا ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى قوغدىمىساق، بىر - بىرلەپ يەر شارىدىن يوقىلىدۇ.
ھازىر قىزىل ئىبىسنىڭ سانى 2000 دىن ئاشتى.
شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى شىمالىي قۇتۇپ مۇزلۇقىدا ياشايدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىمۇ ناھايىتى مۈشكۈل بولماقتا.
ئىنسانلار بىزنى توختىماي ئۆلتۈرمەكتە!
ھاۋا ئىسسىپ، مۇزلۇقلار ئېرىپ كېتىۋاتىدۇ.

# ھايۋانلارنى

## سىزىپ باقاي



▲ خۇا شىياۋلىك (5 ياش)



▲ ليۇ تيەنچى (5 ياش)



▲ ساۋ لىۋېن (6 ياش)



◀ جياڭ جىن (5 ياش)



▲ فېڭ يۇمىڭ (6 ياش)




▲ لى تيەنيى (5 ياش)




▲ جوۋ زېلىن (5 ياش)



▲ تاڭ تۇڭچۈەن (5 ياش)







▲ لىن شاڭيۇ (6 ياش)




▲ ياڭ يۈخې (6 ياش)



▲ جۇ يوۋ (6 ياش)





▲ پېڭ دەنلۇ (5 ياش)



Scanned with CamScanner



## سىزىپ بېقىڭ


سىز قايسى هايۋانغا قىزىـ
قىسىز؟ ئۇنى سىزىپ بېقىڭ.







Scanned with CamScanner





Scanned with CamScanner

图书在版编目（CIP）数据

动物伙伴：《中国幼儿百科全书》编委会著；
卡力比努尔·买买提依明译．--乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2013.1
（中国幼儿百科全书）
ISBN 978－7－5515－2951－8

Ⅰ.①动…Ⅱ.①中…②卡…Ⅲ.①动物--儿童读物
－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①Q95-49

中国版本图书馆CIP数据核字（2013）第014159号

策　　划：马俊
金锐

责任编辑：古丽娜尔·力提富
责任校对：依巴达提·亚森
美术编辑：木拉丁·阿比提

中国幼儿百科全书一

**动物伙伴**

卡力比努尔·买买提依明　译



新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路29号　邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆一龙印刷有限公司印刷
889×1194　毫米　16开本　2印张
2014年4月第1版　2014年4月第1次印刷
印数：1—5000

ISBN　978-7-5515-2951-8　　定价：15.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

Scanned with CamScanner


كۆرۈشلۈك ئاڭلاشلىق سۆزلەشلىك سېزىشلىق ئويناشلىق


# جۇڭگو سەبىيلەر قامۇسى






3~6 ياشقىچە ئائىلە كىتابى














شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5515-2951-8

باھاسى: 15.00 يۈەن



Scanned with CamScanner